هاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

ئىزنا

## تاغدىن كۆچۈپ چۈشۈپ مەھەللىگە ئورۇنلاشتى

# پورتقا قوشنا بولۇپ پۇلنى ياخشى تاپتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات خەۋىرى، فوتوسى

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناهىيەسى تورغات پورتىدىكى بىر يۈك مەيدانىدا، قىرغىز يىگىت تۇرغالى قۇمبا ئىشداشلىرى بىلەن بىللە يۈك ئاپتوموبىلىدىن يۈك چۈشۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. پورتتىكى يۈك مەيدانىدا يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىسى بولۇۋاتقان تۇرغالى هەر ئايدا 4000 - 5000 يۈەن كىرىم قىلىدۇ. تۇرغالى مۇنداق دېدى: قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىسى بولغاندىن كېيىنكى كىرىمىم ئىلگىرى قوي باققان چاغدىكىدىن خېلىلا كۆپەيدى.

2017 - يىلى 6 - ئايدىن بۇرۇن، تۇرغالى تاغلىق رايونغا جايلاشقان ئۇلۇغچات ناهىيەسىنىڭ بايقۇروت يېزىسى قىزىل ئېغىن كەنتىدە تۇراتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ۋە كەنتتىكى چارۋىچىلارنىڭ يېڭى ئۆيى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسى — بايقۇروت يېزىسى توپا مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزا كۆچۈرۈلگەن هەربىر چارۋىچى ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ يېڭى خىزمەت ئالاقىلىشىپ بەردى، تۇرغالى قاتارلىق 17 ياش - قىران كىشى بىرلىكتە پورتقا بېرىپ يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىسى بولدى.

توپا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۆركۈنئالى تۇرسۇنمۇ ئىلگىرى ئۇلۇغچات ناهىيەسىنىڭ تېرەك يېزىسى قارا تىكە كەنتىدە تۇراتتى، تاغدىن كۆچۈپ چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بىر يۈرۈش 83 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆي تەقسىملىنىپلا قالماي، يەنە 40 كۋادرات مېتىرلىق دۇكانمۇ بېرىلگەندى. بۈگۈنكى كۈندە تۆركۈنئالى ئولتۇراق رايوندا ئامانلىق ساقلىغۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، ئايلىق كىرىمى 2000 يۈەندىن ئاشىدۇ. «ئىلگىرى تاغدا تۇراتتۇق، سۇنى توشۇپ ئىچەتتۇق، قىشتا مەشكە ئوت يېقىپ ئىسسىناتتۇق. توپا مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، تۇرمۇشىمىز نەچچە هەسسە ياخشىلاندى!» دېدى تۆركۈنئالى.

ئورۇزگۈل مەمەتتۇردى ئىلگىرى ئۇلۇغچات ناهىيەسىنىڭ تۇيۇن يېزىسى سۆگەت كەنتىدە تۇراتتى، تىككۈچىلىك قىلالىغاچقا، مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئورۇزگۈل ئۆز ئائىلىسىگە بېرىلگەن دۇكاندا كىيىم - كېچەك دۇكىنى ئاچتى، ئېرىنىڭ ئىشلەمچىلىكتىن قىلغان كىرىمى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى خېلىلا ئۆستى.

بۈگۈنكى كۈندە، تاغ ئارىسىدىن كۆچۈپ چىققان 136 ئائىلىلىك چارۋىچى توپا مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىردى. نامرات چارۋىچىلار يېڭى ماكانغا كۆچۈپ كىرىپ، نامراتلىق ئۇۋىسىدىن كۆچۈش، نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشنى هەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى، تۇرمۇش ئەهۋالى بارغانسېرى ياخشىلاندى.



سۈرەت ①: 2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناهىيەسىنىڭ تۇيۇن يېزىسى سۆگەت كەنتىدىكى چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى هەيدەپ ئۆيىگە قايتماقتا.



سۈرەت ②: چارۋىچى تۇرغالى قۇمبا تورغات پورتىدىكى بىر يۈك مەيدانىدا يۈك چۈشۈرمەكتە (6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تارتىلغان).



تورغات پورتىغا قوشنا بولغان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسى(6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تارتىلغان).

(بېشى 1 - بەتتە)

چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش» يولىدا ياخشى ماڭغانلىقىدىن بولدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يەن خۋا مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى، كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش، زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇرۇش، ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولۇش، باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەتى كەسپىي هەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى يېتىشتۈرۈش، زورايتىش قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى بىرخىللاشقان رىقابەتنى هەل قىلىش، هوسۇلنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرى هېسابلىنىدۇ.

«مەن 14 مو يەرگە بادام تىكتىم، ئەسلىدە بىر مو يەردىن ئاران 100 كىلوگىرام ئەتراپىدا هوسۇل ئالغىلى بولاتتى. 2018 - يىلىدىن باشلاپ، تېخنىكلار ئىشىك ئالدىغىچە كېلىپ، ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش، چېچەكلەشتىن بۇرۇن ئوغۇتلاش، چېچەكلەش مەزگىلىدە چاڭلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن بىزنى هەقسىز تەمىنلىدى، بادامنىڭ مو بېشى هوسۇلى 280 كىلوگىرامغا يەتتى، مېۋىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىقلاشتى، باهاسىمۇ ئىلگىرىكىدىن ئوبدان بولدى» دېدى يەكەن ناهىيەسى ئارال يېزىسى بۆلۈمە كەنتىنىڭ ئاهالىسى مەمەتئىمىن تۇرسۇن 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېهقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.7% ئاشقان. بۇغداي هوسۇلى 0.1%، چوشقا، كالا، قوي، ئۆي قۇشلىرىنىڭ قوتان - كاتەكتە بېقىلۋاتقان سانى 3.9% ئاشقان، مېۋە - چېۋە هوسۇلى 26.7% ئاشقان، كۆكتات ۋە يېمەكلىك زەمبۇرۇغى هوسۇلى 11.4% ئاشقان.

### يېشىل تەرەققىي قىلىپ سۈپەتلىك ماركا يارىتىش

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئورگانىك، يېشىل، ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي قوغداش بازىسى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، ئەۋزەللىك ۋە خاسلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ساغلام، قۇۋۋەتلىك فۇنكسىيەلىك يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كۈچەيتتى.

باغ - ئورمان كۆلىمى 14 مىليون مودىن ئاشىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا، كەڭ باغۋەنلەر يېشىل ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىدى. «ياڭاق ئۆستۈرۈش كۆلىمى ۋە هوسۇلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بازار رىقابىتى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، لېكىن ئورمانچىلىق مەيدانىمىزدىكى ياڭاقلارنىڭ سېتىلىش باهاسى باشتىن - ئاخىر بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، هەر يىلى مەملىكەت بويىچە كۆرگەزمە، يەرمەنكىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ كەلدى، بۇلتۇر يەنە دۇبەيگە 300 توننا ياڭاق ئېكسپورت قىلدۇق. رىقابەت كۈچىمىز ئىلمىي سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، پەرۋىش قىلىش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈشتىن كەلگەن» دېدى ئونسۇ ناهىيەسى مۇبىن ئاشلىق - باغ - ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى جاۋ ۋۇجۈك.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇپراق - ئوغۇت ۋە يېزا ئىگىلىكتە سۇ تېجەش تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان يېڭى تىپتىكى ئوغۇت سېرىق چىرىندى كىسلاتالىق ئاممونىي دى فوسفات بىرىكمە ئوغۇتنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئونسۇ ناهىيەسىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل ئورگانىك ئوغۇتنى چۆنەك ئېچىپ كۆمۈش هاجەتسىز بولغاچقا، ئوغۇت، ئەمگەك كۈچى تېجىلىپ، هەر مو يەرنىڭ تەننەرخىنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قىممىتى 300 يۈەنگە يېتىدىكەن، نۆۋەتتە ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئەتراپتىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ.

«هەمكارلىق كوپېراتىپىمىز مېۋىلىك دەرەخ، بۆلجۈرگەن، تاۋۇز، قوغۇن، تاتلىق قوناق ئۆستۈرۈش، توخۇ، ئۆردەك، غاز بېقىشنىڭ هەممىسىدە يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرغاچقا، مەهسۇلاتلىرىمىز شەهەرلىكلەرنىڭ ناهايىتى ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن، يېشىل، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرى بازىسى بەرپا قىلىپ، يېشىل، ساغلام يېمەكلىكلەرنى تېخىمۇ يىراقلارغا ساتىمىز» دېدى دۆربىلجىن ناهىيەسى جاربۇلاق دېهقانچىلىق مەيدانى شياداچۇ كەنتى شىڭجىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي هەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزاسى دەي شىلۇ.

### ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇپ پۇرسەت ئىزدەش

«ئىلگىرى بىز ئۆستۈرگەن ئۆرۈكلەرنىڭ هوسۇلى تۆۋەن، سېتىش يوللىرىمۇ راۋان ئەمەس ئىدى، پۇلغا يارىمىغاچقا ئۆرۈكلەرنى كالتەك بىلەن قېقىپ چۈشۈرەتتۇق. بۇ ئىككى يىلدا، ئۆستۈرۈشتە تېخنىكا جەهەتتىن تەربىيەلەندۇق، سېتىشتا كارخانىلار سېتىۋالىدىغان بولدى، بىر كىلوگىرام ئۆرۈكنى ئون يۈەنگە ساتالايدىغان بولدۇق. بىز ئۆرۈك ئۈزگەندە زېدە قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، هەممىسىنى بىر تال، بىرتالدىن ئۈزدۇق» دېدى ئۆرۈك ساتقان پۇلنى تاپشۇرۇۋالغان يېڭىسار ناهىيەسى ئۇچار بازىرى يېڭىمەهەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاهالىسى توختى غوپۇر 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۇخبىرلارغا.

زاكاز بويىچە ئۆرۈك سېتىۋالىدىغان شىنجاڭ يوۋلېگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئۆرۈكتىن قاق، مېغىز، بالقاق، مېۋە ئۇيۇتمىسى قاتارلىق مەهسۇلاتلارنى پىششىقلىدى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ يۇچيەن مۇنداق دېدى: «شىركىتىمىز بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇدا 50 نەچچە بىۋاستە سېتىش دۇكىنى تەسىس قىلدى، بېيجىڭ، خېبېي، جېجياڭدا ئامبار قۇردى هەم ئۈچىنچى تەرەپ ئارقىلىق چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلدى».

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسى 12 مىڭ 500گە يەتتى، شىنجاڭ يوۋلېگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىگە ئوخشاش مۇشۇنداق خاس يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، ئوبوروت قىلىش، سېتىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن كارخانىلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەهەرلەر شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خاس يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنى سېتىش سۇپىسى قۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى كۆپ مەنبەلىك سېتىش يوللىرىنى يۇغۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنىڭ ئېتىز بېشىدىن تاماق ئۈستىلىگىچە بولغان ئوبوروتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قولايلىق يارىتىپ بەردى.

نەنجىڭ شەهىرىدىكى «رەڭدار غۇلجا» دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەهسۇلاتلىرى هېس قىلىش دۇكىنى نەنجىڭ شەهىرى بىلەن غۇلجا شەهىرىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش هەمكارلىقىدىكى تور سىرتىدىكى ئەمەلىي دۇكان بولۇپ، دۇكانغا غۇلجا شەهىرىنىڭ يەتتە چوڭ خاس يۈرۈشلۈك يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتى تىزىلغان. بۇ يىل، نەنجىڭ شەهىرى ئارقا سەپ تەمىناتىدا سېتىۋېلىش، سودا بازىرى بەرپا قىلىش، تور سىرتىدىكى تور نۇقتىلىرىدا سېتىش، توردا ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ هەرقايسى هالقىلىرىدىكى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چەكلەيدىغان قىيىن نۇقتا ۋە توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، غۇلجا شەهىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنى ئورگانغا كىرگۈزۈش، مەكتەپكە كىرگۈزۈش، كارخانىغا كىرگۈزۈش، ئىستېمال بازىرىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شۇ جايدىكى دېهقانلارنىڭ هوسۇلنى ئاشۇرۇشى، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى هەرقايسى جايلار هۆكۈمەت يېتەكلەش، جەمئىيەت قاتنىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى هەر ساهەنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا تىك يۆنىلىشتە تېگىچە، توغرا يۆنىلىشتە چېتىگىچە بولغان ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئەندىزىسى شەكىللەندى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت كۈچلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ، بىۋاسىتە سېتىۋېلىنغان ۋە سېتىشقا ياردەم بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى.

نامراتلارنى يۆلەش مەهسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش سالمىقىنى زورايتىش بىلەن بىللە، هەرقايسى جايلار شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەهەرلەرنىڭ ئىستېمال بازىرى ۋە قولايلىق توردا سېتىش سۇپىسىغا تايىنىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەهەرلەرگە بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەهسۇلاتلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان هەرقايسى ئۆلكە، شەهەرلەرنى نامراتلارنى يۆلەش تارماقلىرى بېكىتكەن نامراتلارنى يۆلەش مەهسۇلاتلىرىنى پائال سېتىۋېلىشقا يېتەكلىدى. تاللا بازار، سودا سارايى، توپ سېتىش بازىرى، يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرى بازىرى، ئايرودروم، ۋوگزال، مېهمانخانا، مەنزىرە رايونى، ماي قاچىلاش پونكىتى قاتارلىق مەيدان - سورۇنلاردا نامرات رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەهسۇلاتلىرىنى سېتىش مەخسۇس رايونى (مەخسۇس پوكىيى) تەسىس قىلىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: هەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېبى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش مەهسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى يەنىمۇ زورايتىشى كېرەك. كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، بايلىقنى داۋاملىق بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرلەشتۈرۈپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېبى پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، نۇقتا بەلگىلەش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، رايون ئىچىدە هەمكارلىشىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۇقراۋى كارخانىلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، ئارمىيە، يەرلىك، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە پىدائىيلار قاتارلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش كۈچلىرىنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتناشتۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يوللىرىنى هەر تەرەپلىمە كېڭەيتىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەهسۇلاتلىرىنى بىۋاستە سېتىۋېلىش ۋە سېتىشقا ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامرات ئاهالىنى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش ۋە نامرات رايونلاردىكى كەسىپلەرنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا پۇختا ئاساس سالىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

نەتىجىنى كۆرۈش بىلەن بىللە، يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش يەنىلا كەسكىنلەشكەن ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، تېخى «ئارام ئېلىۋالىدىغان، پۇت - قولنى سوزۇۋالىدىغان» ۋاقىت يېتىپ كەلمىدى. قانچىكى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا، شۇنچىكى بىرلا غەيرەتكە كېلىدىغان ئىرادە ۋە ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان غەيرەت بولۇشى كېرەك، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخكىسى، بوششىپ كېتىش روهىي هالىتىنى قەتئىي يېڭىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئىدىيەدە بىر سۇڭ بوشاڭلىق كۆرۈلسە، هەرىكەتتە بىر چى چېچىلاڭغۇلۇق كۆرۈلىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، هازىر يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ ۋە كەسكىن، قايتا كۆرۈلۈش خەۋپ - خەتىرىدىن سەل قاراشقا بولمايدۇ، سەللا بوشاڭلىق قىلىنسا، ئەجىر يوققا چىقىشى مۇمكىن؛ شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىنسانلار يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ ئۆزگىرىشى، تارقىلىش قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى تېخى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىدى، ۋىرۇسقا قارشى ئۇزاق مەزگىل كۆرەش قىلىش تەييارلىقىنى جەزمەن ياخشى ئىشلەش كېرەك.

جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى، مېهرىبانلىقنى، ئېهتىياتچانلىقنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، ئىستىلدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، كۆرەشتىكى تەشەببۇسكارلىق هوقۇقى چوقۇم بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى:** xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەهىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باهاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باهاسى: 28 يۈەن، پارچە باهاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)